سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام-تاشقىنلىق يىللىرى

# «ئالدىراپ-تېنەپ ئالدىغا قاراپ يۈسۈش»

1958-يىلى 5-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 8-قۇرۇلتىيى 2-يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يىغىندا تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنى ماقۇللاندى، 15 يىلدا ئەنگلىيەگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئېشىپ كېتىش نىشانى ھەمدە «ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەپ، قىياپەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش» قاتارلىق شوئارلار ماقۇللاندى.

بۇ باش لۇشيەندە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشتەك ئومۇمىيۈزلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، لېكىن ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە سەل قارالغان. يىغىندىن كېيىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى سۈرئىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىش، پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى بەلگە قىلغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلغان.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى سۈرئىتى، يۇقىرى كۆرسەتكۈچى قوغلىشىلغان ھەم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە تۈرتكە بولۇشتا ئاتالمىش تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك شەكىلگە ئۆتۈشكە ئالدىراپ كېتىلگەن.

8-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، «يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار»نى چىقارغان. يىغىندىن كېيىن، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى تېزدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، ئاشۇرۇۋېتىش شامىلى، «كوممۇنىزم» شامىلىنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان «سول»چىل خاتالىق ئېغىر يامرىغان.

پولات-تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا داغدۇغىلىق ھالدا ئومۇمىي خەلق كەڭ كۆلەمدە پولات-تۆمۈر تاۋلاش ئاممىۋى ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنى كۆرۈلگەن. نۇرغۇنلىغان جايلار ئەمەلىيەتكە سەل قاراپ، خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى دەپ جاكارلىغان ھەم «كوممۇنىزمغا ئۆتۈش»نى نۇقتىدا سىناق قىلغان.

1958-يىلى كۈز بىلەن قىش ئارىلىقىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەرىكەت داۋامىدا كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى بايقاشقا باشلىغان، 11-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن پارتىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ خاتالىقنى تۈزىتىشنى قول سېلىپ ئىشلىگەن. ۋەزىيەت ياخشىلىنىش تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىغان، لېكىن «سول»چىل خاتالىق تەلتۆكۈس تۈزىتىلمىگەن. 1959-يىلىنىڭ 7-، 8-ئايلىرى ئارىلىقىدا ئېچىلغان لۇشەن يىغىنىدىن كېيىنكى مەزگىلدە، پېڭ دېخۇەي قاتارلىق كىشىلەر خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنغان، ئارقىدىن «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى باشلىنىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ ياماڭلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

پارتىيە ياخشى ئارزۇ بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئىزدىنىشىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ئىنتىلگەن. لېكىن تەدبىرنىڭ ئۆزى خاتا بولغانلىقى ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى ئېغىش تۈپەيلىدىن، نەتىجە قازىنىشقا ئالدىراشتەك تىرىشچانلىقتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئېغىر، زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9-ئاينىڭ 17-كۈنى تېلېگراممىسى)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن-قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# دېڭ خۇا: تەرەپ-تەرەپلەردە جەڭ قىلغان تەڭداشسىز باتۇر



دېڭ خۇانىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9-ئاينىڭ 3-كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر تەن چاڭ)** خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چېنجوۋ شەھىرى بېيخۇ رايونى لۇتاڭ بازىرى بېيفۇ كەنتىدە بىر جەنۇبىي خۇنەن پۇقرالار تۇرالغۇسى ئۇسلۇبىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سېلىنغان بىر ئىمارەت بار، بۇ يەرگە يىل بويى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە كېلىدۇ؛ يېقىن جايدىكى ھەربىي فورمىلىق يېرىم بەدەن مىس ھەيكەل ئالدىدا دائىم كىشىلەرنىڭ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىنى، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى قايتا ئەسلەپ بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ ھەمىشە كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىمارەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا يول ئاچقان شاڭجياڭ دېڭ خۇانىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى بولۇپ، مىس ھەيكەل بولسا جياڭجۈن دېڭ خۇانىڭ ھەيكىلى.

دېڭ خۇا، 1910-يىلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چېنجوۋ شەھىرى بېيخۇ رايونى لۇتاڭ بازىرى بېيفۇ كەنتىدە تۇغۇلغان، ياش چاغلىرىدا ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇ «ياشلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ياشلار جان پىدالىق بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، دۆلەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ، مىليونلىغان خەلقنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن ئازاد قىلىشى كېرەك!»

1927-يىلى 3-ئايدا، دېڭ خۇا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1928-يىلى 1-ئايدا، جەنۇبىي خۇنەن قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، كېيىن جۇ دې، چېن يىلارغا ئەگىشىپ جىڭگاڭشەنگە بارغان. ئىلگىرى جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى زۇڭدۇيى سىياسىي بۆلۈمى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇن تەلىم-تەربىيە ئەترىتىنىڭ جىڭۋېيى، تۇەنىنىڭ جىڭۋېيى، شىنىڭ جىڭۋېيى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ ھەر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. شىمالىي شەنشىگە بارغاندىن كېيىن، قىزىل 1-جۈنتۇەنى 2-شىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، قىزىل 1-، قىزىل 2-شىنىڭ جىڭۋېيى بولۇپ، قىسمىنى باشلاپ جىلو بازىرى، شەرققە يۈرۈش قىلىش، غەربكە يۈرۈش قىلىش ۋە شەنچېڭباۋ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، دېڭ خۇا 8-ئارمىيە 115-شىسى 685-تۇەنى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، پىڭشىڭگۇەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. كېيىن 115-شىسى مۇستەقىل تۇەنىنىڭ جىڭۋېيى، سەنشى-چاخار-خېبېي ھەربىي رايونى 1-شۆبە رايونىنىڭ جىڭۋېيى، پىڭشى تارماق ئەترىتىنىڭ سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە جىڭۋېيى بولۇپ، پىڭشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تايانچ بازىسىنى ئېچىشقا قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان. 1938-يىلى 5-ئايدا 8-ئارمىيە 4-زۇڭدۈينىڭ جىڭۋېيى بولغان، سىلىڭيۈەن سۇڭ شىلۈن بىلەن قىسمىنى باشلاپ شەرقىي خېبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى تايانچ بازىسىنى ئاچقان. 1940-يىلدىن باشلاپ، سەنشى-چاخار-خېبېي ھەربىي رايونى 5-شۆبە رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە جىڭۋېيى، 4-شۆبە رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان، 100 تۇەن چوڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1944-يىلى يەنئەنگە كېلىپ، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا-سەنشى-سۈيۈەن بىرلەشمە مۇداپىئە ئارمىيەسى تەلىم-تەربىيە 2-لۈسىنىڭ جىڭۋېيى بولغان، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دېڭ خۇا شەرقىي شىمال ئامانلىق قوغداش قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى قوشۇمچە شېنياڭ شەھىرى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ سىلىڭى، لياۋشى (كېيىن لياۋجىغا ئۆزگەرتىلگەن) ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولۇپ، قىسمىنى باشلاپ شىۋشۇي خېزى ئۇرۇشى ۋە سىپىڭنى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1947-يىلدىن باشلاپ، شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسى لياۋجى زۇڭدۈيى شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى 7-زۇڭدۈينىڭ سىلىڭيۈەنى، 44-جۈننىڭ جۈنجاڭى، 4-دالا ئارمىيەسى 15-بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە گۇاڭدۇڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1-مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولۇپ، قىسمىنى باشلاپ لياۋشېن، پىڭجىن، خۇنەن-جياڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، خەينەنداۋ ئۇرۇشىنى تەشكىللەپ قوماندانلىق قىلغان.

1950-يىلى، دېڭ خۇا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ 1-مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە 1-مۇئاۋىن جىڭۋېيى بولۇپ، پېڭ دېخۇەينىڭ 1-قېتىملىق ئۇرۇشتىن 5-قېتىملىق ئۇرۇشقىچە بولغان ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىشىغا ياردەملەشكەن. 1952-يىلدىن باشلاپ، پىدائىي قىسمىنىڭ مۇۋەققەت سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە جىڭۋېيى بولغان. 1953-يىلى پىدائىي قىسمىنىڭ سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە جىڭۋېيى بولغان. تارىختىكى ھەر قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشلاردا دېڭ خۇا تەرەپ-تەرەپلەردە جەڭ قىلىپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

1954-يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، دېڭ خۇا شەرقىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ 1-مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، مۇۋەققەت سىلىڭيۈەنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش سەنمۇۋجاڭى قوشۇمچە شېنياڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955-يىلى شاڭجياڭ ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1980-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى، دېڭ خۇا شاڭخەيدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

بېيفۇ كەنتىگە جايلاشقان جياڭجۈن دېڭ خۇانىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى ھازىر ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ئورنى بولۇپ، چېنجوۋ شەھىرى، بېيخۇ رايونى قاتارلىق ئىككى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيە بازىسى ۋە كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيە بازىسى.

2009-يىلى، ئىلگىرى رېمونت قىلغان ئاساستا، يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت جياڭجۈن دېڭ خۇانىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىپ ياسىدى ھەم دېڭ خۇانىڭ ھايات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. 2010-يىلى، جياڭجۈن دېڭ خۇا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى پەيتىدە، جياڭجۈننىڭ يېرىم بەدەن مىس ھەيكىلى بېيفۇ كەنتىگە ئورنىتىلدى.

# ساياھەت-مەدەنىيەت مەخسۇس تېمىلىق تونۇشتۇرۇش يىغىنى «شىنجاڭ كۈنى»گە يەنىمۇ ھۆسن قوشتى

(بېشى 1-بەتتە)

«شىنجاڭ ساياھەت بايلىقى كۆپ تۇپلانغان رايون، بۇ قېتىمقى كاتتا مەرىكە شىنجاڭنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك مەدەنىيەت-ساياھەت خىزمىتىنى خۇلاسىلاش بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا كۈز پەسىللىك ساياھەت ۋە قىش پەسىللىك قار-مۇز ساياھىتىنىڭ نامىنى چىقىرىدىغان ياخشى پۇرسەت.» ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى سايابھەتنى كېڭەيتىش ۋە سىرتقى ئالاقە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ رۇيخۇا مۇنداق بىلدۈردى: تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سايابھەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسىپ ساھەسىدە ھەمكارلىق يېڭى سۈپىسى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

پائالىيەت نەق مەيدانىدا، «شىنجاڭغا قەلبىتىن نەزەر سېلىش» سۈرەتلىرى باش تېما كۆرگەزمىسى كۆپلىگەن سايابھەتچىنى جەلپ قىلدى. سايابھەتچىلەر رومانتىك — ئەتىياز، پارلاق — ياز، ئالتۇن رەڭ — كۈز، ساپ — قىشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ باش تېمىلىق كۆرگەزمىدىكى سۈرەتلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تۆت پەسىلدىكى ئوخشاش بولمىغان گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلاندى.

شىنجاڭنىڭ كۈز، قىش پەسىللىك سايابھىتى كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلاندى. «ئىلگىرى شىنجاڭنى پەقەت يازدىلا بېرىشقا ماس كېلىدۇ، دەپ قارايتتىم، كۈز پەسلى بىلەن قىش پەسلىنىڭمۇ بۇنداق گۈزەللىكىنى، بۇنچە كۆپ سايابھەت لىنىيەسى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن.» دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى سەيلە قىلىۋاتقان جېجياڭلىق يىگىت جاڭ خېياڭ «چوقۇم شىنجاڭغا بېرىپ تۆت پەسىلنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىمەن» دېدى.

تونۇشتۇرۇش يىغىنى نەق مەيدانىدا يەنە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سايابھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقلىرى ھەم باشقا خاس سايابھەت بايلىقى كۆرگەزمە ئورنى بار بولۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق سايابھەت ئىلگىرى سۈرۈلدى، سايابھەت ئارقىلىق مەدەنىيەت نامايان قىلىندى. «بىز تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنى شىنجاڭنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىدىن ھوزۇرلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ياخشى جايغا 〈قەلب〉تىن نەزەر سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى خەلقئارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىراھەت سايابھەت مەنزىلگاھى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى جاڭ رۇيخۇا.

شىنجاڭ سايابھەت كوپىراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ۋۇ فېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىم 70 سايابھەت كوپىراتىپى تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، جەمئىيىتىمىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىنى قاپلىغان 70تىن ئارتۇق سايابھەت لىنىيەسى ھەم مەھسۇلاتىنى ئېلىپ كەلدى. «شىنجاڭ ئاچقان سايابھەت مەھسۇلاتلىرى كۆزنى قاماشتۇردى، بېيجىڭدىكى سايابھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ ناھايىتى ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، بېيجىڭدىكى سايابھەت كوپىراتىپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئېھتىياجغا قاراپ، بىزمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى سايابھەت كوپىراتىپلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇۋاتىمىز، ماسلاشتۇرۇۋاتىمىز، ئىمكانقەدەر تېز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىمىز» دېدى ۋۇ فېڭ.

# ۋۇ دېيەنشىڭ: ساداقەتمەنلىك روھ بىلەن مەردانە ناخشا پۈتۈش



ۋۇ دېيەنشىڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 9-ئاينىڭ 4-كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ سۇڭ)** 2019-يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى يىچۈن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يىچۈن شۆبە ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرى ھەمدە ئۆزلۈكىدىن كەلگەن شۇ جايدىكى ئامما نەنشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ۋۇ دېيەنشىڭنىڭ قەبرە تېشى ئالدىغا يىغىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلغان بۇ ئىنقىلابىي قۇربانغا بىرلىكتە تەزىيە بىلدۈردى.

ۋۇ دېيەنشىڭ، ئەر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1953-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيلۇن ناھىيەسى (ھازىرقى خەيلۇن شەھىرى)دە تۇغۇلغان، 1974-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1977-يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن يىچۈن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يىچۈن شۆبە ئىدارىسى شۈرى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان. 1980-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش جەريانىدا، ۋۇ دېيەنشىڭغا قارشى تەرەپ ئاتقان گىرانات تېگىپ، بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئارانلا 27 ياشتا ئىدى.

ۋۇ دېيەنشىڭ قىسمدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىككى قېتىم ليەندۈينىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇ خىزمەت قىلىدىغان تەۋە رايون كەپە ئۆي رايونى بولۇپ، ئاھالە كۆپ، ئامانلىق ساقلاش تەرتىپى ناچار ئىدى. خىزمەت بىلەن ئىمكانقەدەر تېز تونۇشۇش ئۈچۈن، ئۇ تەۋە رايوندىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالىلەر بىلەن ئۆيمۇئۆي كىرىپ تونۇشۇشتا چىڭ تۇرغان، بەزى ئائىلىلەردە كۈندۈزى ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ كەچ ھەم يەكشەنبە كۈنى، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ تەۋە رايونغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ تەۋە رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى قەلبىگە چوڭقۇر ئورناتقان.

1978-يىلى 7-ئاينىڭ بىر كۈنى، تەۋە رايوندىكى بىر ماگىزىندىكى مال پۇلى ئوغرىلانغان. مال ساتقۇچى تەمىنلىگەن جىنايەت گۇماندارىنىڭ بەدەن قىياپىتى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ۋۇ دېيەنشىڭ بۇ دېلونىڭ تەۋە رايوندىكى بىر قىزنىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلىپ، چاقىرىپ سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى زاڭ پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالغان.

نوپۇس ساقچىسى بولغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ۋۇ دېيەنشىڭ ئاساسىي خىزمەتنى پۇختا ئىشلەيدىغان ھەم ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلەيدىغان خىزمەت ئىستىلىغا تايىنىپ، ئون دېلونى پاش قىلغان، جىنايەت گۇماندارى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىدىن 35 كىشىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقان، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماقلىرىنى دېلو پاش قىلىش يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ 45 دېلونى پاش قىلىشقا ياردەملەشكەن. 1979-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە نوپۇس ساقچىلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باھالاشتا ۋۇ دېيەنشىڭ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن.

تەۋە رايوندا بىر ئائىلىدە مېيىپ ياشانغان ئەر-خوتۇن بار بولۇپ، يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ۋۇ دېيەنشىڭ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، يەنە دائىم ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئىككى ياشانغان كىشىگە دورا ئېلىپ بەرگەن. ئۈچ يىل ئىچىدە، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ 70 نەچچە پارچە تەرىپلەش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان.

خىزمەتتە، ۋۇ دېيەنشىڭ ئومۇم بىلەن شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئېنىق ئايرىغان. بىر قېتىم بىر تونۇش كادىر ئۇنىڭدىن نوپۇس تارماقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، بىر تۇغقىنىنىڭ يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ۋۇ دېيەنشىڭ نەق مەيدانىدىلا رەت قىلغان. لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ ئادەم يەنە ۋۇ دېيەنشىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چوشقا گۆشى قاتارلىق سوۋغاتلارنى بەرگەندە، ۋۇ دېيەنشىڭ سوۋغاتلارنى قايتۇرۇۋەتكەن، يەنە بۇ يولداشنى ئىزدەپ بېرىپ نوپۇس سىياسىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا سىياسەت بويىچە ئىش بېجىرىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن.

ۋۇ دېيەنشىڭ نوپۇس ساقچىسى بولغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يامان ئادەتنى بار 12 ياش-ئۆسمۈرگە ياردەم بەرگەن، تەربىيە بەرگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يەنە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن. ئۇ ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئۇنۇملۈك ياخشى ئىشلىگەچكە، باشقۇرۇش رايونىدا دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلەپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

1980-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى كەچتە، بىر ۋاقىتلىق ئىشچى رەسمىي ئىشچى بولالماسلىق سەۋەبىدىن ئىدارە رەھبەرلىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ، ئوغرىلاپ كەلگەن ئون گراناتنى ئېلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ گراناتنى ئۈچ نەپەر ئىدارە رەھبىرىنىڭ ئۆيىگە تاشلىغان، ئارقىدىن ئېشىپ قالغان گراناتلارنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. شۇ چاغدا، ۋۇ دېيەنشىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى، ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، دەرھال قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش جېڭىگە ئاتلانغان. بىر خىلۋەت كوچىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، ئۇ پارتلىتىش ۋەقەسى سادىر قىلغان جىنايەت گۇماندارىنىڭ قارىسىنى بايقاپ، ھېچنېمىگە قارىماي شىددەت بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلغاندا، جىنايەت گۇماندارى ئاتقان بىر گرانات پارتلاپ يەرگە يىقىلغان، يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

يولداش ۋۇ دېيەنشىڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى، 1980-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1-دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەردى. 2009-يىلى 9-ئايدا، ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوغداش سېپىدىكى ئەڭ تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەڭگە قەھرىمان نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى.

«دادامنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىزىنى بويلاپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيمەن.» ۋۇ دېيەنشىڭنىڭ قىزى ۋۇ لىن دادىسىنىڭ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خەلق ساقچىسى بولدى. «ئاتا-بوۋىلىرىم ئابىدە، سەپداشلىرىم ئۆز ئۇسۇلى ئارقىلىق قەھرىمانلارغا بېرىلگەن تەبرىكنى شەرھلىدى، مەن تېخىمۇ پۇختا خىزمەت قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا جان-دىل بىلەن ئاتلىنىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)